# شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوللايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەسەبىزمنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ساقلاشقا ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنىڭ كۆپ يۈزبېرىشى، ئۆزۈلمەي يۈزبېرىشىنى توسۇش، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى يوقىتىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، شۇنداقلا تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ماھارىتىنى ئىگىلىتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى.

تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنىڭ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. تەربىيەلەنگۈچىلەر تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ روھىي كونتروللۇقىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، زامانىۋى بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش يوللىرىغا ئېرىشىپ، مۇئەييەن ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىنى ئۆگەندى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىدى. نۆۋەتتە كۆپ ساندىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەلىنىش تەلىپىگە يېتىپ تەربىيەلىنىشنى ئوقۇشلۇق تاماملاپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدا تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىمۇ ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىلغا يېقىن زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈزبەرمىدى، شىنجاڭدىكى خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2018 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى زور دەرىجىدە ئېشىپ، جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچى 150 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40% ئاشقان. شىنجاڭنىڭ بۇ خىزمەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ باھاسىغا ئېرىشتى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى يوقىتىش، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۈنۈملۈك چارە ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. شىنجاڭنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلار قوللانغان ئۇسۇل بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش، مەقسىتى بىردەك. شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنىڭ مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبە ئۈستىدە ئىزدەندى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ چۈشىنىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشىغا تېگىشلىك.

ھازىر، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بايراق روشەن ھالدا، قەتئىي تەۋرەنمەي شىنجاڭنىڭ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى قوللاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشايلى!

**(2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 62 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتىكى ئالدىنقى ۋەزىپە قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش ۋە ۋەكىللىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا ئائىت نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن نازارەتچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىل ۋە كېلەر يىل ئىككى يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ مەزگىل، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالاھىدە مۇھىملىققا ئىگە. «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قەتئىي ھالدا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇشنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا تەۋرەنمەسلىك كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇشتىكى ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ۋە پۈتۈن جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دەل جايىدا تېپىپ تاللاپ، تەكشۈرۈشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئىز قوغلاپ ئۈنۈمنى سۈرۈشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى يېزىپ چىقىش كېرەك؛ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا ئائىت نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان نىزاملارنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە بولغان ئۇدا، نۇقتىلىق نازارەت قىلىشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، نازارەت قىلىش خىزمەت مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئىز قوغلاپ ئۈنۈمنى سۈرۈشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇشتىكى نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لى شۈجۈن، ۋاڭ يۈمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

# ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ جۇڭگوچە يولىدا پائال ئىزدىنىش

□ شۇ گۈيشياڭ

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ خەلقئارادىكى تەجرىبىلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، قوبۇل قىلىپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتىنى يۈزبېرىشتىن بۇرۇن تۈگىتىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ جۇڭگوچە يولىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەسەبىزمگە زەربە بېرىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەسەبىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. ئەسەبىي كۈچلەر خاتا تارىخ، مەدەنىيەت قارىشىنى ھەدەپ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، مىللىي ئايرىلىش ۋە ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، بىر قىسىم ئاممىنىڭ قىممەت جەھەتتە چىن قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىنى بۇرمىلىدى، خاتا يېتەكلىدى. ئادالەتنى ياقلاپ، رەزىللىكنى تۈگىتىش، ئاساسىنى پۇختىلاپ روھ يېتىلدۈرۈشتە، دىققەتنى قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت بۇ يىلتىز ۋە روھقا مەركەزلەشتۈرۈپ، كۈچەپ كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا قۇياش نۇرىنى چېچىش كېرەك. جەزمەن سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى توغرا دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيەنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئەسەبىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرىدىغان مەنىۋى مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەم قۇرۇش كېرەك.

سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى باشتىن ـ ئاخىر قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭدا ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «دىن ئىشلىرى نىزامى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق بىر قاتار قانۇن ـ نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلىنىپ، تۈزگەن ئالاقىدار سىياسەتلەر، قوللانغان ئالاقىدار تەدبىرلەردە قانۇن ئاساسى بولۇش، ئەمەل قىلىدىغان قائىدە بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

پارتىيەنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىنىڭ ئەلرايى مۇداپىئە سېپى مۇستەھكەم قۇرۇلدى. ئەسەبىزمنىڭ خىرىس قىلىدىغىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تۆۋەن چېكى بولۇپ، ھەم مىللىي مەسىلە ئەمەس، ھەم دىنىي مەسىلە ئەمەس، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەرگىزمۇ مۇئەييەن مىللەتكە، مۇئەييەن دىنغا قارىتىلمىغان. پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە تولۇق ھۆرمەت قىلىنىپ، مىللەت ئامىلىغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەر ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىپ، چوڭ خەنزۇچىلىق ۋە تار مىللەتچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇلۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت ئاممىسى ئىتتىپاقلاشتۇرۇلۇپ، ئەلرايى مايىل قىلىنىپ، كۈچ مۇجەسسەملىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دىن ئىشلىرى قانۇن بويىچە باشقۇرۇلۇپ، مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، «قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىش» پرىنسىپى بويىچە، دىن بىلەن دىنىي ئەسەبىزمنىڭ چەك ـ چېگراسى قاتتىق پەرقلەندۈرۈلۈپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ، دىنلارنىڭ ئىجىل ـ ئىناقلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىتىلدى. ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى خالىغانچە ئايرىۋېتىش ھەمدە زامانغا لايىق تۇرمۇشقا ئارىلىشىۋېلىش قىلمىشىغا قارىتا، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەريانىدا، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەدەنىيەت ئىشەنچىسى ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ شىنجاڭنى قىزغىن سۆيىدىغان گۈزەل ھېسسىياتى ئۇرغۇتۇلۇپ، ساغلام، مەدەنىي بولغان جەمئىيەت مۇھىتى ئورتاق بەرپا قىلىندى؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇش، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە زامانىۋى شەكىلگە ئىنتىلىشى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىندى؛ زامانىۋى مەدەنىيلىك قارىشى زور كۈچ بىلەن تارقىتىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، زامانغا لايىق تۇرمۇشقا ئىنتىلىشكە يېتەكلىنىپ، ئەسەبىي ئىدىيەدىن يۇقۇملانغان ئاممىنى تېررورىزمنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، ئاتالمىش «ئىلاھىي ھاكىمىيەت، جەمەت ھوقۇقى»نىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، كونا قائىدە، ناچار ئىللەتلەرنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، نادانلىق، قالاقلىقنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، روھىي ۋە قىزىقىش جەھەتتە زامانغا لايىقلىشىشقا، زامانىۋىلىشىشقا يېقىنلاشتۇرۇلدى.

ئۆتمۈشتىكىلەردىن ساۋاق ئېلىپ كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، كىشىلىك ھوقۇققا ئەڭ زور چەكتە ھۆرمەت قىلىندى ۋە كاپالەتلىك قىلىندى. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، قانۇنچىللاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش، ئادەمىيلىك جەھەتتىن باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر سۈپەتلىك ئوقۇتۇش بايلىقى ۋە كۆپ خىللاشقان ماھارەت تەربىيەسى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك ئىززىتىگە ھەرقانداق شەكىلدە ھاقارەت قىلىش ۋە خورلاش قاتتىق چەكلىنىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە چېقىلماسلىققا تولۇق كاپالەتلىك قىلىندى. تەربىيەنى تاماملىغان نۇرغۇن تەربىيەلەنگۈچى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن بىلىمى ۋە ماھارىتى بىلەن مۇۋاپىق خىزمەت تېپىپ، مۇقىم كىرىمگە ئېرىشىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى. بىر قىسىم يامان غەرەزدىكى كىشىلەر شىنجاڭنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى كىشىلىك ھوقۇققا چېقىلىدىغان «جازا لاگېرى» دەپ بىلجىرلىدى، بۇ پۈتۈنلەي بوھتان چاپلىغانلىق، ئىغۋا تارقاتقانلىق.

خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى پۇختىلاندى. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئىلگىرى ئۇزاق مەزگىل ئۇچۇر ئالاقىسى راۋان بولماسلىق، تاشقى ئالاقە راۋان بولماسلىق، كەسىپ قۇرۇلمىسى يەككە بولۇش، ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى كەمچىل بولۇش، مائارىپ ئاساسى ئاجىز بولۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش قىيىن بولۇش قاتارلىق ھالەتتە تۇرغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سەۋىيەسى بىرقەدەر تۆۋەن ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇدا كۆپ يىل مالىيە چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، تۇرالغۇ قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان بىر قاتار ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان خەلق تۇرمۇشىدىكى زور بىر تۈركۈم قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت تىنچ ـ ئىناق بولدى، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان بولدى، مۇقىملىقنى ئۇيۇلاش، تەرەققىياتنى كۆزلەش جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلىنىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

دۆلەت سىرتىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پائال ئۆرنەك ئېلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشى قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىش، قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى چوڭ يىغىنىنىڭ «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» (60/288) توغرىسىدىكى قارارىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، «تېررورىزمنىڭ يامراش شارائىتىنى يوقىتىش، تېررورىزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش»كە كۈچىدى. 2018 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاساسلىق دىپلوماتلىرى ھەمدە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى، تاراتقۇلارنىڭ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىقلاردىن 40 نەچچە تۈركۈم (ئۆمەك، گۇرۇپپا) بولۇپ، 1000غا يېقىن كىشى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولدى. نۇرغۇن كىشى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بولۇپ، كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. شىنجاڭدا كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئۇسۇلى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىگە مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى، ئىنتايىن ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە.

ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم يامرايدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ يۈزبېرىش، ئۆزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى توسۇپ، جەمئىيەت سىجىل مۇقىم بولۇش، چوڭ ۋەزىيەت سىجىل ياخشىلىنىش ياخشى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، دۇنيادىكى بارغانسېرى كۆپلىگەن ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ جۇڭگوچە يولى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەسەبىزمگە زەربە بېرىش تەلىپىگە ئۇيغۇن، بۈگۈنكى دەۋرنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىش ئېقىمىغا ئۇيغۇن بولۇپ، تامامەن توغرا.

**(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى)**

**(2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**